# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گازەتى 新疆日报

2021 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى
جۈمە
شىنچۇۋ يىلى 1 ـ ئاي

1

25335 ـ سان
بۈگۈن 2 بەت

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65−0002/−W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57   تيانشان تورى: www.ts.cn


瑞雪丰年岁岁新

# شى جىنپىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بايدېن بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جۇڭگو دېھقانلار كالېندارى بويىچە چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بايدېن بىلەن تېلېفونلاشتى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى جۇڭگونىڭ كالا يىلىدىكى چاغىنىنى ئۆزئارا مۇبارەكلىدى ھەم ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋە مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى.

بايدېن جۇڭگو خەلقىنىڭ چاغىنىنى مۇبارەكلىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ چاغاننى خۇشال ئۆتكۈزۈشىگە، گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. شى جىنپىڭ بايدېننىڭ ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى رەسمىي ئۈستىگە ئالغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەبرىكلىدى ھەم جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ چاغىنىنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىنى، كالا يىلىنىڭ قۇتلۇق بولۇشىنى تىلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۆتكەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا، خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئىش جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بولدى. گەرچە بۇ مەزگىلدە نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىق ۋە قىيىنچىلىقلار باشتىن كەچۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش بولدى، شۇنداقلا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىلدى، يەنە دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەمكارلىقى ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق، ئېلىشىشى ئىككىلا تەرەپكە زىيانلىق، ھەمكارلىق ئىككى تەرەپنىڭ بىردىنبىر توغرا تاللىشى. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەمكارلىقى ئىككى دۆلەت ۋە دۇنياغا پايدىلىق نۇرغۇن چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ قارشىلىشىشى ئىككى دۆلەت ۋە دۇنيا ئۈچۈن مۇقەررەركى بىر مەيدان ئاپەت ھېسابلىنىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى مۇھىم ئۆتكەلدە تۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام، مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. سىز ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى مۇمكىنچىلىك، دېگەن. بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىككى دۆلەت ئورتاق تىرىشىپ، بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، توقۇنۇشماسلىق، قارشىلاشماسلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



جۈنلىيەن چاپلاش، پانۇس ئېسىش، جۇۋاۋا تۈگۈش، چاغانلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى كۆرۈش... 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، سانجى شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ رايون ئىچى تولۇقسىز سىنىپىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە جەم بولۇپ، چاغاننى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزدى. 7 ـ يىللىقتىكى باللارنىڭ تۇنجى قېتىم مەكتەپتە چاغان ئۆتكۈزۈشى بولۇپ، ئىللىق كەيپىيات ئىچىدە باللارنىڭ خۇشال كۈلكە سادالىرى ئۈزۈلمىدى. □ ياك بىن فوتوسى

## پانۇس ۋە لېنتىلار ئېسىلىپ چاغان تەبرىكلەندى

### —— تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئامما چاغاننى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزدى

□ ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

ناخشا كېچىلىكى، «كەنت چاغانلىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى»، پانۇس سەيلىسى، مەززىلىك تائاملارنى تەييارلاش... شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە كونا يىل بىلەن خوشلىشىپ، پانۇس ۋە لېنتىلار ئېسىلىپ چاغان تەبرىكلەندى، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەممە جاي قويۇق چاغان كەيپىياتىغا تولدى.

«ھەممىمىزنىڭ بىر ئائىلىسى بار، ئىسمى ئۇنىڭ جۇڭگو، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار شۇنچە كۆپ، مەنزىرىسى گۈزەل بەكمۇ...» 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، لوپ ناھىيەسىنىڭ بەشتوغراق يېزىسى يېڭىئېرىق كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ھويلىسىدا، كەنت خور ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى قوللىرىدىكى دۆلەت بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ، بۇ تونۇش مېلودىيەنى ياڭراتتى، شۇ كۈنى، «خوتەن ناخشا كېچىلىكى: مىڭ كەنتتە بىر ناخشىنى تەڭ ئېيتىش —— جۇڭخۇانى سۆيىمەن» پائالىيىتى باشلاندى، ھەر مىللەت ئامما ناخشا ساداسى ئارقىلىق پارتىيەگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى، كۆپچىلىكنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان خۇشال ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

«مىڭ كەنتتە بىر ناخشىنى تەڭ ئېيتىش» پائالىيىتىدە كەنت بىرلىك قىلىنىپ، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى، كەنت كادىرلىرى، دېھقان ـ چارۋىچى ئامما، يۇرتىغا قايتقان داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى، خەلق سەنئەتكارلىرى قاتارلىقلار بىرلىكتە خور ئەترىتى تەشكىللەپ، چاغان مەزگىلدە توردا ئۆزئارا تەكلىپ قىلىپ ناخشا ئېيتىش، يېڭى تاراتقۇلاردا بىۋاستە كۆرسىتىش، بولۇت چاغانلىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە قاتناشتى.

2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئارشاڭ ناھىيەسى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ دالىتى يېزىسى چاغانسايى ئەترىتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى، ئەترەت «ئىككى كومىتېت»ى ئارشاڭ ناھىيەسى ئۇلانمۇچىر ئەترىتى بىلەن بىرلىشىپ، چاغاننى كۈتۈۋېلىش«كەنت چاغانلىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى» ئۆتكۈزدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:

كەڭ ئوقۇرمەن دوستلارنىڭ چاغىنىغا مۇبارەك بولسۇن! گېزىتىمىز 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى (چاغاننىڭ 2 ـ كۈنى)دىن 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى (چاغاننىڭ 6 ـ كۈنى)گىچە توختايدۇ، 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى نورمال چىقىرىلىدۇ. گېزىت توختىغان مەزگىلدە، ئانار بولۇت تېرمىنالى، تيانشان تورى ھەم ئۇنىڭ ۋېيبو، ۋېيشىن ئاممىۋى سۇپىسىدا ئاخبارات ئۇچۇرلىرى نورمال يوللىنىدۇ، نەزەر سېلىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز.

گېزىتىمىز تەھرىر بۆلۈمى

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

## ھەرقايسى جايلاردىكى «كەنت چاغانلىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى»دە ياخشى ئويۇنلار كەينى ـ كەينىدىن ئوينالدى

**مۇخبىرلارنىڭ ئۇلانما زىيارىتى**

□ رىياسەتچى: ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى شيا چىڭ

ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يېزا ـ كەنتلەر توردا بىۋاستە كۆرسىتىش، يېزا ـ كەنت سەھنىلىرىدە ئويۇن قويۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما ئۆزلىرى تەييارلاپ، ئۆزلىرى ئورۇنلىغان «كەنت چاغانلىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى» ئۆتكۈزدى. ھەر مىللەت ئامما بەختلىك تۇرمۇشنى كۈيلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇشتەك خۇشال كەيپىياتنى تولۇق نامايان قىلدى.

### ئەڭ ئېسىل مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كەيپىياتى كۆتۈرۈلدى

□ ئۇلغۇچى: قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىدىن جۇ ۋېي

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ ئۇقسالۇر يېزىسى چات كەنتىدىكى «قەبىلەرنى تۇتاشتۇرۇش كۆۋرۈكى»دە، 77 ياشلىق توقان ھېيت قومۇز (مىللىي چالغۇ)نى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن چېلىۋاتاتتى، ناخشا ساداسى ياڭراق، كۈچلۈك ئىدى. بوۋاي ئىجاد قىلغان «پارتىيەنىڭ سىياسىتى خەلقنىڭ كۆڭلىنى يورۇتتى» دېگەن ناخشا ئۇنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى: «پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن مەنپەئەتلىنىپ، ئائىلەمنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى، مەن ناخشام بىلەن پارتىيەگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىمنى ياڭرىتىمەن».

«ئۆتمۈشنى خاتىرىلەش، ھازىرنى قەدىرلەش، كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش، بىزنىڭ ‹كەنت چاغانلىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى›مىز كۆپچىلىككە قويۇق يۇرت مۇھەببىتى ۋە ئىللىق سۆيگۈنى ھېس قىلدۇردى» دېدى ئۇلۇغچات ناھىيەلىك سودا ـ پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەت ـ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسىدىن چات كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى لى بىڭ.

خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى 12 مەدەنىيەت ئەترىتىدىن ئارتىسلارنى تاللاپ، قىرغىز مىللىتىنىڭ قومۇز ئېيتىشىشى، گىتار، ئاككوردىيون، ئېلېكترونلۇق رويال، سۇناي، بامبۇك نەي چېلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەككىز نومۇرنى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىدى.

چات كەنتىنىڭ «كەنت چاغانلىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى» سىنغا ئېلىنىش ئارقىلىق، دوۋيىن، ۋېيبو، QQ توپى، ۋېيشىن توپى قاتارلىق سۇپىلارغا تارقىتىلدى، كەنت ئاھالىلىرى يان تېلېفونىدىلا كۆرەلەيدىغان بولدى.

«بىز كەنتكە قايتمىغان كەنت ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىگە ‹كەنت چاغانلىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى›نى كۆرۈپ، يۇرتىنىڭ شاد ـ خۇراملىقىنى ھېس قىلدۇرۇشنى ئويلاپ، يېڭى تاراتقۇلاردىن پايدىلىنىپ يېزا مەدەنىيىتى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى تارقىتىپ، يېڭى دەۋردىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلدۇق» دېدى لى بىڭ.

### پىدائىيلار «كەنت چاغانلىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى»دە ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى

□ ئۇلغۇچى: بايىنغولىن گېزىتى يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىدىن جاۋ شۇاڭ

«بۇ يەردە بىز ئەڭ گۈزەل تىلەكلىرىمىزنى سىلەرگە سوۋغا قىلىمىز، كۆپچىلىكنىڭ كالا يىلىنىڭ قۇتلۇق بولۇشىنى تىلەيمىز!» 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كەچتە، لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ شىڭپىڭ بازىرى داشى كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىغا پانۇس ۋە لېنتىلار ئېسىلغانىدى، بۇ يەردە بىر مەيدان ئاممىغا يېقىن «كەنت چاغانلىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى.

بۇ يىل پىلان تۈزۈشكە قاتناشقان خادىملار ئىچىدە، ئاساسلىق كۈچ شۇ جايدا چاغان ئۆتكۈزىدىغان غەربىي قىسىم پىلانى پىدائىيسى نىڭ ياڭەن ئىدى.

نىڭ ياڭەن خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چىنخۇاڭداۋ شەھىرىدىن بولۇپ، 2020 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بازارغا بېرىپ تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئەسلىدە ئۆيىگە قايتىپ چاغان ئۆتكۈزۈشنى پىلانلاۋاتقان ئۇ ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئايروپىلان بېلىتىنى قايتۇرۇۋېتىپ، دېھقانلار بىلەن كالا يىلىدىكى چاغاننى بىللە ئۆتكۈزدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)